# «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتىنىڭ شانلىق سەھىپىسى

## ـــ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

«بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» پارتىيەنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ۋەتەننىڭ تىنچ بىرلىككە كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم تۈزۈم، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ بىر ئۇلۇغ ئىجادىيىتى.

ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ھەم ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى 5 ـ نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىدا، رەئىس شى جىنپىڭ ئاۋمېن ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن 20 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئەسلەپ ئۆتۈپ، ئاۋمېننىڭ «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتىدىكى ئۆزگىچە رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، ئاۋمېننىڭ «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشتىكى تۆت نۇقتىلىق مۇھىم تەجرىبىنى چوڭقۇر يەكۈنلىدى. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلىپ، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئىشلىرىنىڭ توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر، ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە.

خاۋجياڭ دەرياسى رەڭدار تۇسكە كىرىپ، نىلۇپەر گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلدى. ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن 20 يىلدىن بۇيان، ئاۋمېننىڭ ئىقتىسادى تېز ئېشىپ، خەلق تۇرمۇشى سىجىل ياخشىلىنىپ، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولۇپ، دۇنياغا ئاۋمېنچە «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيىتىنى نامايان قىلدى. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نى تامامەن يولغا قويغىلى بولىدۇ، قىلغىلى بولىدۇ، ئۇ كىشىلەر قەلبىگە ياقىدۇ! ئاۋمېننىڭ ئۇزاققىچە گۈللىنىشى، مۇقىم بولۇشنى ساقلاشتا، جەزمەن «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»، «ئاۋمېننى ئاۋمېنلىقلار ئىدارە قىلىش» يۈكسەك ئاپتونومىيە فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي ئاساسىي قانۇن ۋە ئېگىزلىك قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىپ، ئېگىزلىك قانۇنىنى يولغا قويۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۈزۈم ۋە مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ۋە باش مەمۇرنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈپ، پائال نەتىجە يارىتىپ، ئاۋمېندىكى ھەر ساھە زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ تەرەققىياتنى كۆزلەپ، ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ ۋە ئۇنى ياخشىلاپ، دېموكراتىيەنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىنى قوغداش ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىنى قوللاش كېرەك.

20 يىلدىن بۇيان، ئاۋمېننىڭ «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتىنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى پۈتەلىشىنىڭ ئاساسى رەئىس شى جىنپىڭ كۆرسەتكەن «تۆت باشتىن ـ ئاخىر»نى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىدا: باشتىن ـ ئاخىر «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتتى، كەڭ ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نى چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلدى، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نى قەلبتىن ئېتىراپ قىلدى، بۇ ئاۋمېننىڭ ئۇزاققىچە گۈللىنىش، مۇقىم بولۇشنى ساقلىشىدىكى ئەڭ ياخشى تۈزۈم؛ باشتىن ـ ئاخىر «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» توغرا يۆنىلىشنى توغرا ئىگىلىدى، كەڭ ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار «بىر دۆلەت»نىڭ «ئىككى تۈزۈم»نىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى ئىكەنلىكىنى قەلبتىن چوڭقۇر ئېتىراپ قىلىپ، بايرىقى روشەن ھالدا ئاساسىي قانۇن ۋە ئېگىزلىك قانۇندا بېكىتىلگەن ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرتىپىنى قوغدىدى؛ باشتىن ـ ئاخىر «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» بۇرچىنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، كەڭ ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش ئېڭى بىلەن، ئاڭلىق ھالدا دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئىتى ۋە ئاۋمېننىڭ تۈپ مەنپەئىتى مەيداندا تۇرۇپ مەسىلەرنى ئويلاشتى؛ باشتىن ـ ئاخىر «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئاساسىنى پۇختىلىدى، كەڭ ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ئەزەلدىن ۋەتەننى سۆيۈش ئەنئەنىسىگە ئىگە، كۈچلۈك بولغان دۆلەتنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش تۇيغۇسى، تەۋەلىك تۇيغۇسى ۋە مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا ئىگە.

يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى داۋاملىق پۈتۈشتە، ئاۋمېننىڭ مۇھىم تەجرىبىسى بىزنى چوڭقۇر ئىلھاملاندۇرىدۇ: پەقەت «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»گە قەتئىي ئىشەنگەن ھەم ئۇنى ئەمەلىي يولغا قويغاندىلا، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئەۋزەللىكى تولۇق نامايان بولىدۇ؛ «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكى، قىيسىپ كەتمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغاندىلا، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئىشلىرىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا، يىراققا بېرىشىغا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ؛ ئۆزگە ئۆزى ئىگە بولغان ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار دەۋرنىڭ ئېغىر مەسئۇلىيىتىنى تامامەن زىممىسىگە ئالالايدۇ، ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننى ياخشى باشقۇرالايدۇ، ياخشى گۈللەندۈرەلەيدۇ، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ؛ «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىجتىمائىي، سىياسىي ئاساسنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ۋەتەننى سۆيۈش، ئاۋمېننى سۆيۈش بايرىقى ئاستىدا ئەڭ كەڭ ئىتتىپاقلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ باشتىن ـ ئاخىر توغرا يولنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى تۈپ كاپالەت.

بۈگۈن، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى دۇنيا ئېتىراپ قىلدى. «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرغاندا، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» تۈزۈم سىستېمىسىنى تېخىمۇ ياخشى مۇكەممەللەشتۈرگەندە، ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننى تېخىمۇ ياخشى ئىدارە قىلغاندا، ئاۋمېنچە «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتىدە چوقۇم تېخىمۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار چوقۇم جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ تۆھپە قوشالايدۇ!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارغا ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئەھۋالنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش يىغىنى ئېچىپ، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ئومۇميۈزلۈك ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2019 ـ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى خۇلاسىلەندى، نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت تەھلىل قىلىندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2020 ـ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتلىرى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈمى ئەۋزەللىكىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ «ھەمكارلىقتىكى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، داۋاملىق قول تۇتۇشۇپ ئالغا ئىلگىرىلەش» باش تېما تەربىيە پائالىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، دىققەتنى شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇشنى تېزلىتىش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى ۋە ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش، خاس كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈش ۋە كۈچەيتىش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى چۆرىدەپ، ئاكتىپلىق بىلەن ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىپ ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىپ، چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، ئاڭلىق ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى، ياخشى ياردەمچىسى، ياخشى خىزمەتدىشى بولۇش كېرەك. ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنىۋمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ قوشۇش كېرەك.

# 6 ـ نۆۋەتلىك «تيانشان ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتى» ئېلان قىلىندى

مۇخبىرىمىز **جاڭ خەيفېڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، 6 ـ نۆۋەتلىك «تيانشان ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتى»نى تارقىتىش پائالىيىتى شىنجاڭ سەنئەت يۇرتىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن پائالىيەتكە قاتناشتى ھەم مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەرگە مۇكاپات تارقىتىپ بەردى.

«تيانشان ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتى» ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت تەستىقلاپ تەسىس قىلغان ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئالىي مۇكاپاتى. 2002 ـ يىلدىن باشلاپ، ھەر ئۈچ يىلدا بىر نۆۋەت باھالىنىپ كەلمەكتە. جۇ لىنىڭ رومانى «شىنجاڭدا چوڭ بولدۇم»، رازىيە قادىرنىڭ ھېكايىسى «يۇلتۇزلۇق ئاسمان»، پېڭ جىگيۇنىڭ شېئىرلار توپلىمى «ئەڭ ئېگىزدىكى يۇلتۇزلار» قاتارلىق ئون ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۈردىكى 46 ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسىرى 6 ـ نۆۋەتلىك «تيانشان ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتى» ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ «تەكلىماكاندىكى ناغرا ساداسى» ناملىق كىنو، فېڭ شۇۋنىڭ ئەسىرى «غەربىي سەددىچىن سېپىلى»، خۇاڭ يىنىڭ ئەسىرى «شىنجاڭ ۋاقتى» قاتارلىق 12 ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسىرى شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ «ۋەتەنگە مەدھىيە» ـــ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش باش تېملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكى قاتارلىق ئۈچ تۈرلۈك مۇھىم، زور ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتى ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان ياۋ چېڭشۇن، جاڭ دېيى، نۇسرەت ۋاجىدىن قاتارلىق ئۈچ پېشقەدەم سەنئەتكار تۆھپە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ھەر مىللەت سەنئەتكارلار بەس ـ بەستە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئاڭلىق ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق كاللىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، ئىجادىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى پۇختا ئىگىلەپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنى چۆرىدەپ، ئۇنىڭغا مۇلازىمەت قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ ھەم سۈپەتلىك، ھەم گۈزەل مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىمىز.

# ئاپتونوم رايون بويىچە تۈنجى نۆۋەتلىك مەدەنىي مەكتەپ بەرپا قىلىش نەتىجىلىرى كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى

مۇخبىرىمىز **جاۋ چۈنخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بىرلىكتە قانات يايدۇرغان «كىچىككىنە ئانار دانىسى ـــ ئاپتونوم رايون بويىچە تۈنجى نۆۋەتلىك مەدەنىي مەكتەپ بەرپا قىلىش نەتىجىلىرى كۆرىكى» ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

ئۈچتۇرپان ناھىيەسى ئالغا بازارلىق دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىققا تولغان ئەنسەي بەل دۇمبىقى، لوپ ناھىيەلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئورۇندىلغان خۇاڭمېي تىياتىرىنىڭ كلاسسىك داڭلىق بۆلىكى «جۇپ گۈل»... پائالىيەت نەق مەيداندا پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ياشلار، ئۆسمۈرلەر مول، رەڭدار ماھارىتىنى نامايان قىلىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقى، پارتىيەنى قىزغىن سۆيىدىغان، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنى قىزغىن سۆيىدىغان يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈردى.

سەككىز يىلنى خۇددى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، بوران ـ چاپقۇنلارغا پىسەنت قىلماي، ئىككى پۈتىدىن ئايرىلىپ قالغان دوستىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان تۇرغانبى مەمەتسىيت، بىرلىكتە ئۆگىنىش، تۇرمۇش كەچۈرۈش داۋامىدا چوڭقۇر ئاچا ـ سىڭىللىق مېھرى ئورناتقان لىۋ يۈخەن بىلەن گۈلقىز ئادىل قاتارلىق ئون نەپەر خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز ئالتە مىللەتتىن تەركىب تاپقان «ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئون مۇنەۋۋەر ياخشى ئۆسمۈر»نىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرى نەق مەيداندىكى ھەربىر تاماشىبىننى تەسىرلەندۈردى.

ئىگىلىنىشىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە تۈنجى نۆۋەتلىك مەدەنىي مەكتەپ بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر، يەسلىلەر ئاكتىپلىق بىلەن بەس ـ بەستە قاتنىشىپ، بەرپا قىلىش خىزمىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيەسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، مەكتەپنىڭ يۇمشاق، قاتتىق ماتېرىيال قۇرۇلۇشىنى مۇستەھكەملەپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەربىر مەكتەپتە ئېگىز جەۋلان قىلدۇرغان.

# «پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش» بويىچە 4 ـ قارارلىق مەركەزلىك تەربىيەلەش كۇرسىدا ئوقۇش باشلاندى

مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايوندىكى تارماقلار، ئورۇنلارنىڭ ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىرلىرىنىڭ «پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش» بويىچە 4 ـ قارارلىق مەركەزلىك تەربىيەلەش كۇرسىدا ئوقۇش باشلاندى. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن كۇرسنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم مەخسۇس تېمىدا كونسۇلتاتسىيە دوكلاتى بەردى.

ياڭ شىن ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى زىچ چۆرىدەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك شەرھلىدى؛ «نېمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش، نېمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش»تىن ئىبارەت بۇ مۇھىم، زور سىياسىي مەسىلىنى چۆرىدەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما ۋە يېڭىلىق يارىتىش تەدبىرىنى سىستېمىلىق چۈشەندۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى يەنىمۇ ياخشى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇسۇل ئۆگەتتى، ئوي ـ پىكرىنى ئويغاتتى.

ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار تۈزۈمنىڭ نوپۇزىنى باشلامچىلىق بىلەن قوغدىشى، باشتىن ـ ئاخىر تۈزۈمدىن ھېيىقىش ھېسسىياتىدا بولۇشى، قەتئىي تۈردە تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشتا ئۈلگە بولۇشى، پۈتكۈل جەمئىيەتنى تۈزۈم ئېڭىنى كۈچەيتىشكە يېتەكلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشقا بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، رەھبەرلىك كۈچلۈك، ئىجرا قەتئىي، نازارەت ئومۇميۈزلۈك بولغان تۈزۈم ئىجرا قىلىش رەھبەرلىك مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بارلىق تۈزۈملىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ بىرىنچى سېپىدە، ئىسلاھات، تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانىدا، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.